## 221756 ـ ئازغىنە نىجاسەتتىن ئەپۇ قىلىنامدۇ؟ دېگەن مەسىلە توغرىسىدا

### سۇئال

ئازغىنە نىجاسەتتىن ئەپۇ قىلىنامدۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

### تەپسىلى جاۋاپ

كۆپچىلىك ئالىملار نىجاسەتلەردىن ئازراق قان ۋە قۇسۇقتىن ئەپۇ قىلىنىدىغانلىقى ئۈنىڭدىن باشقىلىرىنىڭ ئەپۇ قىلىنمايدىغانلىقىنى بايان قىلدى، چۈنكى بۇ توغرىدا كەلگەن دەلىللەر ئومۇمەن نىجاسەتنىڭ ئاز-كۆپلىكىنى ئايرىماستىن مۇتلەق كەلگەن.

ئىبنى قۇدامە رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: " نىجاسەتنىڭ ئاز-كۆپلىكىنىڭ ئارىسىدا پەرق يوق، مەيلى ئۇ ئىنسان كۆزى بىلەن كۆرىدىغان نىجاسەت بولسۇن ياكى كۆرگىلى بولمايدىغان نىجاسەت بولسۇن ئوخشاشتۇر. ئىمام شافىئىي رەھىمەھۇللاھدىن: كۆرگىلى بولمايدىغان ئازغىنە نىجاسەت بولسا، ئۈنىڭدىن ساقلىنىش قىيىن بولغانلىقى ئۈچۈن ئەپۇ قىلىنىدۇ دېگەنلىكى بايان قىلىنىدۇ". [ئەل مۇغنى 1-توم 46-بەت].

سەئۇدى ئەرەبىستان ئىلمى تەتقىقات، دىنى تەشۋىقات پەتۋا كومىتېتى ئۆلىمالىرىمۇ بۇ قاراشنى تاللاپ، مۇنداق دەيدۇ: "قان، يىرىڭ ۋە قۇسۇقتىن باشقا نىجاسەتلەرنىڭ ئاز-كۆپىدىن ئەپۇ قىلىنمايدۇ".

ئەمما قان، قۇسۇق ۋە يىرىڭ قاتارلىق نىجاسەتلەر ئاز مىقداردا بولۇپ ئەۋرەت يوللىرىدىن چىقمىغانلا بولسا ئۈنىڭدىن ئەپۇ قىلىنىدۇ، چۈنكى ئۇنىڭ ئازلىرىدىن ساقلىنىش قىيىن بولىدۇ. بۇ توغرىدا ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: وَمَا جَعَلَ عَلَيْكُمْ فِي الدِّينِ مِنْ حَرَجٍ تەرجىمىسى: «سىلەرگە دىندا ھېچقانداق مۇشكۇللۇكنى قىلمىدى (سىلەرنى سىلەر تاقەت قىلالمايدىغان ئىشلارنى قىلىشقا تەكلىپ قىلمىدى)» [سۈرە ھەج 78-ئايەت].

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: يُرِيدُ اللَّهُ بِكُمُ الْيُسْرَ وَلَا يُرِيدُ بِكُمُ الْعُسْرَ تەرجىمىسى: «ئاللاھ سىلەرگە ئاسانلىقنى خالايدۇ، تەسلىكنى خالىمايدۇ» [سۈرە بەقەرە 185-ئايەت].

دائىمىي كومىتېت پەتۋاسى 5-توم 396-بەتكە قارالسۇن.

ھەنەفى مەزھەپ ئالىملىرى: "قان، سۈيدۈك ۋە ئۇنىڭ غەيرىدىكى بارلىق نىجاسەتلەردىن ئازراق بولغانلىرى ئەپۇ قىلىنىدۇ دېگەن قاراشتا بولدى". [ئەل ئىختىيار 1-توم 31-بەت].

چۈنكى كىيىمنىڭ ياكى بەدەننىڭ بىر تەرىپىگە يۇقۇپ قالسا بىلگىلى بولمايدىغان ئاز نىجاسەتلەردىن ساقلىنىش قىيىن بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭدىن ئەپۇ قىلىنىدۇ.

ئىبنى مۇنزىر رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: " كىيىمگە چاچراپ كەتكەن يىڭنىنىڭ ئۇچىدەك ئاز سۈيدۈك توغرىسىدا ئۆلىمالار پەرقلىق قاراشتا بولدى، بىر بۆلەك ئۆلىمالار: ئاز بولسۇن ياكى كۆپ بولسۇن بۇ سۈيدۈكنى يۇيۇۋېتىش ۋاجىپ بولىدۇ دېدى. ئەبۇ ھەنىپە رەھىمەھۇللاھنىڭ ساھىبى مۇھەممەد بىن ھەسەن شەيبانى ئۇنى يۇيۇش ۋاجىپ بولمايدۇ دەپ قارىغان.

مىسئەر ئىبنى كۇدامغا: "ئەبۇ ھەنىپەنىڭ ساھىبى ئەبۇ يۇسۇپ كىيىمگە يىڭنىنىڭ ئۇچىدەك ياكى چېكەتكىنىڭ كۆزىدەك سۈيدۈكلەر چاچراپ كەتكەن بولسا، ھېچ گەپ بولمايدۇ، ئۇنى يۇيۇش ۋاجىپ بولمايدۇ دەيدىكەن دېيىلگەندە، مىسئەر ئىبنى كۇدام ئەبۇ يۇسۇپنىڭ بۇ قارىشىنى ياخشى كۆرگەن".[ئەل ئەۋسەت 2-توم 138-بەت].

چاچراپ كەتكەن ئازراق سۈيدۈكتىن ئەپۇ قىلىنىدىغانلىقى توغرىسىدا، ئەبۇ ۋائىل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: " ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ سۈيدۈك چاچراپ كېتىش مەسىلىسىدە بەك چىڭ تۇرىدىغان بولۇپ، كىيىمگە سۈيدۈك چاچراپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ شىشىگە سىيەتتى ۋە مۇنداق دەيتتى: "بەنى ئىسرائىللاردىن بىرىنىڭ بەدىنىگە ياكى كىيىمگە سۈيدۈك چاچراپ كەتسە، سۈيدۈك چاچرىغان ئورۇننى قايچا بىلەن كېسىۋېتەتتى". ھۇزەيپە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: "مەن ساھىبىڭلارنىڭ(يەنى ئەبۇ مۇسانىڭ)سۈيدۈك چاچراپ كېتىش ئىشىدا بۇ قەدەر قاتتىقلىق قىلماسلىقىنى ياقتۇرىمەن، مەن ئۆزۈمگە قارىسام، ئۆز ۋاقتىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن كېتىۋاتاتتۇق، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شۇ يەردىكى كىشىلەرنىڭ ئەخلەت دۆۋىلەپ قويغان تامنىڭ ئارقىسىغا كېلىپ سىلەر تۇرغاندەك مۇشۇنداق تۇرۇپ سىيدى، مەن ئۇنىڭدىن يىراقلاشماقچى بولۇپ ماڭسام، مېنى چاقىرىپ: «مەن كېچىك تەرەت قىلىپ بولغىچە كەينىمدە تۇرغىن» دېدى. [مۇسلىم بايان قىلغان 403-ھەدىس].

ئىمام نەۋەۋىي رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: "ھۇزەيپە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مەقسىتى، بۇنداق قاتتىقلىق قىلىش سۈننەتكە خىلاپ دېمەكتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆرە تۇرۇپ سىيگەن، شەكسىزكى، ئۆرە تۇرۇپ سىيگەچكە سۈيدۈك چاچرايدۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇنداق ئېھتىماللىققا پەرۋا قىلمىغان، شۇنداقلا ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قىلغاندەك، ئاۋارە بولۇپ شىشىگىمۇ سىيمىگەن" . [سەھىھ مۇسلىمنىڭ شەرھىسى 3-توم 167-بەت].

شەيخۇل ئىسلام ئىبنى تەيمىيە رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: "ئاز نىجاسەتلەردىن ئەپۇ قىلىنىدۇ، يېمەكلىكلەرگە چاشقان مايىقى دېگەندەك نەرسىلەر چۈشۈپ كەتسىمۇ ئەپۇ قىلىنىدۇ، بۇ ئىمام ئەھمەدنىڭ مەزھىپىدىكى مەشھۇر قاراشتۇر. كوچىلاردىكى لايىنىڭ نىجاسەت ئىكەنلىكى ئەمەلىيلەشكەن بولسىمۇ ئۇنىڭدىن ساقلىنىش قىيىن بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ ئاز بولغانلىرىدىن ئەپۇ قىلىنىدۇ، تېزەك دېگەندەك نىجىس نەرسىلەرنىڭ چاڭ-توزاڭلىرى ئۇچۇپ چۈشسىمۇ بۇنداق ئەھۋاللاردىن ساقلىنىش مۇمكىن بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭدىن ئەپۇ قىلىنىدۇ". [پەتىۋا كۇبرا 5 -توم 313 -بەت].

ھەنەفى مەزھىپىدىكى ئالىم ئىمام كاسانى مۇنداق دەيدۇ: "نىجاسەتنىڭ ئازلىرىدىن ساقلىنىش مۇمكىن بولمايدۇ، چىۋىن ئاۋۇالدا نىجاسەتكە چۈشۈپ ئاندىن ئۇچۇپ كېلىپ ناماز ئوقۇغۇچىنىڭ كىيىمگە قونغاندا، چوقۇم ئۇنىڭ ئىككى پۇتى، قاناتلىرىدا ئازراق نىجاسەت بولىدۇ، ئەگەر ئاز نىجاسەتلەردىن ئەپۇ قىلىنمىسا ئىدى، كىشىلەر قىيىنچىلىققا چۈشۈپ قالغان بولاتتى" . [بەدائى ۋە سەنائىئ 1 ـ توم 79 ـ بەت].

شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن مۇنداق دەيدۇ: توغرا بولغىنى، ئىمام ئەبۇ ھەنىپە ۋە ئىبنى تەيمىيە قاتارلىقلارنىڭ قاراشلىرىدۇر، ساقلىنىش قىيىن بولغانلىقى ئۈچۈن ئەپۇ قىلىنىدىغان ئاز نىجاسەتلەرنىڭ جۈملىدىن: سۈيدۈك تېمىپ تۇرىدىغان كېسەلگە گىرىپتار بولغان كىشىنىڭ ئەھۋالى، ئۇنداق ئىشقا گىرىپتار بولغان كىشى مۇمكىن بولغان مىقداردا بەدىنىگە ۋە كىيىمگە سۈيدۈك تېمىپ كېتىشتىن ساقلىنىدۇ" . [شەرھىل مۇمتى 1 ـ توم 447 ـ بەت].

بۇ ئىسلام شەرىئىتىنىڭ ئاسان ئىكەنلىكىگە مۇۋاپىق سۆزدۇر، شۇنداقتىمۇ مۇسۇلمان ھەر قانداق ۋاقىتتا ۋە ھالەتتە ئاز بولسۇن ياكى كۆپ بولسۇن نىجاسەتتىن پاك بولىشى، نامازدىن ئىبارەت كاتتا ئىبادەتنى ئادا قىلىش ۋە زىممىسىدىكى تەلەپ قىلىنىدىغان مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلىش ئۈچۈن ئېھتىيات قىلىشى كېرەك.

ئىبنى ئابدۇل بەر رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ : "نامازنى ئادا قىلىش ئۈچۈن بەدەن، كىيىم ۋە ئورۇننىڭ پاكىز بولىشىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش، چوڭ ـ كىچىك تەرەت سۇندۇرغاندا بەك ئېھتىياتچان بولۇشقا تېرىشىش لازىم" [ئىبنى ئابدۇل بەرنىڭ : ئەتتەمھىد 22 ـ توم 241 ـ بەت].

ھەممىدىن توغرىنى ئاللاھ تائالا ياخشى بىلگۈچىدۇر.